# ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئاتا-بوۋاڭلار بىلەن قەسەم قىلىشتىن چەكلەيدۇ

ئۆمەر ىبن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئاتا-بوۋاڭلار بىلەن قەسەم قىلىشتىن چەكلەيدۇ»، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن باشلاپ باشقىلارغا ئەسلىتىپ ياكى نەقىل قىلىپ بولسۇن ئاتا-بوۋىلار بىلەن قەسەم قىلىپ باقمىدىم دەيدۇ.

[تېكىست توغرا] [ىبرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا-ئانا بىلەن قەسەم قىلىشتىن چەكلىگەنلىكىنى خەۋەر بېرىپ، كىمكى قەسەم قىلماقچى بولسا پەقەت ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلسۇن، ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلمىسۇن دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر ىبن خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاتا-بوۋىلار بىلەن قەسەم قىلىشتىن چەكلىگەن بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندىن بىرى قەستەن بولسۇن ياكى باشقىلاردىن نەقىل قىلىپ بولسۇن ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلمىغانلىقىنى زىكىر قىلدى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/2945

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee